# يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، «14 - بەش يىل» ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلايلى

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى خەتەرلىك پەيتتە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ تايانچى، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش توغرا تاللاشنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى، تۈزۈم ئەۋزەللىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىپ قۇدرەتلىك كۈچنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئىجادىي تاقابىل تۇرۇش كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى، پەن - تېخنىكىدا ئۆزگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ تىرىكى.

كېلەر يىلى دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدىكى ئالاھىدە مۇھىم بىر يىل، «14 - بەش يىل» باشلىنىدىغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى مۇساپىسى باشلىنىدىغان يىل بولۇپ، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىكنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماكرولۇق سىياسەتنى ئىلمىي، دەل جايىدا يولغا قويۇپ، تىرىشىپ ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا ئايلىنىشىنى ساقلاپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكا ئىستراتېگىيە تىرەكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، «14 - بەش يىل»نىڭ ياخشى باشلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

يېڭى تېپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسىدە، بۇ يىل دۇنيا ئىقتىسادى ئېغىر چېكىنىشكە يېتىپ قالدى. مۇرەككەپ، كەسكىن تاشقى مۇھىت ئالدىدا، ئاچقۇچ ئۆزىنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىشتا. ماكرولۇق سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقى، مۇقىملىقى، ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقىنى ساقلاپ، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى زۆرۈر قوللاش سالمىقىنى ساقلاش كېرەك. سىياسەت قوللىنىشتا تېخىمۇ دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك بولۇش كېرەك، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىش كېرەك، پۇختا، ساغلام پۇل سىياسىتى جانلىق، دەل جايىدا، مۇۋاپىق، لايىقىدا بولۇش كېرەك. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چىڭ تۇتۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېھتىياج تەرەپلىك باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىملەش، ئوبوروت، ئىستېمالنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئېھتىياج تەمىناتنى يېتەكلەيدىغان، تەمىنات ئېھتىياجنى يارىتىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، مۇھىم ھالقىنى ئىگىلەشكە، مۇھىم نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك. كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇش كېرەك. دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پەن - تېخنىكا كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى تەشكىللىگۈچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئېھتىياج يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش يۆنىلىشى ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتىش كېرەك. كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى، جەزمەن دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشى بىلەن دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ جان تومۇرىغا مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلىق كەسىپلەر ساھەسىدە مۇكەممەل ھەم ئېلاستىكلىققا ئىگە كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، قۇدرەتلىك ئىچكى بازار شەكىللەندۈرۈش يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تىرىكى، ئىستېمال، پۇل ئامانىتى، مەبلەغ سېلىشقا مۇۋاپىق يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەمىنات ئارقىلىق ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال ئىقتىدارى ۋە ئارزۇسىنى ئۆستۈرۈپ، سېلىنمىنى ئاشۇرۇش زاپاس كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا، جەزمەن يۇقىرى سەۋىيەلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ئىسلاھات بىلەن ئېچىۋېتىشنىڭ بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۇرۇقلۇق ۋە تېرىلغۇ يەر مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇشنى ۋە كاپىتالنىڭ تەرتىپسىز كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۇپا كارخانىلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىنى قوللاپ، خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، رەقەملىك قائىدىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. چوڭ شەھەرلەرنىڭ تۇرالغۇ جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئۇزاق مۇددەت ئۆي ئىجارە ئېلىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئۆينىڭ پۇل تېپىش ۋاستىسى قىلىنىۋالماي، تۇرالغۇ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، كاپالەتلىك ئىجارە ئۆي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۆي - زېمىن بازىرىنىڭ تەكشى، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەتئىي بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئەلالاشتۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى سىستېمىلىق باھالاپ ۋە خۇلاسىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۇيغۇنلىشىش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا، جەزمەن پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدىن ئىقتىساد خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، كەسپلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان كەسىپ ئەھلىلىرىگە ئايلىنىشى كېرەك.

ئورۇنلاشتۇرۇش بىر ئۈلۈش بولسا، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توققۇز ئۈلۈش بولىدۇ. كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلايلى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ئېچىۋېتىش ۋاستىسىنى بېيىتىش ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش

## — ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، نازىر رۇڭ جۈننى زىيارەت

نوپۇزلۇق سۆھبەت

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خېي خۇڭۋېي

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشتە قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى؟ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىدە، شىنجاڭ قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلمىسىغا كىرگۈزىدۇ؟ قانداق قىلىپ ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىدىكى رايونلارنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى سىجىل بەرپا قىلىدۇ؟ يېقىندا، پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، نازىر رۇڭ جۈننى زىيارەت قىلدى.

### سىرتقا ئېچىۋېتىشتە يېڭى قەدەم تاشلاندى

رۇڭ جۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئېچىۋېتىشنى ھەر تەرەپلىمە كېڭەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلمىسىغا كىرگۈزۈپ، مەبلەغ سېلىش ۋە سودىنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، سودىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى.

ئېچىۋېتىش ۋاستىسى قۇرۇلۇشى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىلدى. شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، «بىر پورت»، «ئىككى رايون»، «بەش چوڭ مەركەز»، «پورت ئىقتىساد بەلبېغى»دىن ئىبارەت تەرەققىيات مۇھىم نۇقتىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تىرىشىپ تۈرتكە بولدى. ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى، ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەر قۇرۇلدى ۋە تىجارەت باشلىدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت دەرىجىلىك كەسىپلەر باغچە رايونىدىن 23ى (بىڭتۈەندىكى تۆت باغچە رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، دۆلەت ئېچىۋېتىشنى تەستىقلىغان 1 - دەرىجىلىك پورتتىن 19ى بار بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن تۇتىشىدىغان 1500 كىلومېتىر دائىرىدىكى ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە، ئەڭ ئېچىۋېتىلگەن رايونغا ئايلاندى.

تاشقى سودىنىڭ سۈپىتى مۇقىملىق ئاساسىدا ئۆستۈرۈلدى. ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك مەھسۇلاتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت تاۋارلىرىغا ئايلاندى، پۇقراۋى كارخانىلار تاشقى سودىدىكى ئاساسىي قوشۇنغا ئايلاندى. باقتۇ، ئەركەشتام چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق رەسمىي تىجارەت باشلىدى، چۆچەك شەھىرى چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودىسى ئىمپورت تاۋارلىرىنى شۇ جايدا پىششىقلايدىغان تۇنجى تۈركۈمدىكى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە، شەھەر قىلىش تەستىقىغا ئېرىشتى، ئۈرۈمچى دۆلەت دەرىجىلىك چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئۇنىۋېرسال سىناق رايونى ۋە مۇلازىمەت سودىسىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان شەھەر تەسىس قىلىش تەستىقىغا ئېرىشتى.

رۇڭ جۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: قوش يۆنىلىشلىك مەبلەغ سېلىش جەھەتتە، «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز جەلپ قىلغان چەت ئەل مەبلىغىنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەرگە تېخىمۇ كۆپ سېلىپ، ئەمەلىي كۈچى بار چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرىنى يادرولۇق رايوندىكى نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىغا قاتنىشىشقا يېتەكلىدى. كارخانىلارنىڭ «سىرتقا چىقىرىش» ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، بىر تۈركۈم نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ چوڭ تۈرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى تېزلىشىپ، چېگرا سىرتىدىكى باغچە رايونى كەسىپ زەنجىرى قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز سودا ئەشيا ئوبوروت مەركىزى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتتى، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، كۆپ شەكىللىك بىرلەشمە ترانسپورت تاموژنا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەركىزى ۋە جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزى ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلدى، تومۇريول پورتى سودا رايونى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، خەلقئارا توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك سودا مەركىزى ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت رايونى، خەلقئارا تېز يوللانما مەركىزى قاتارلىق تۈرلەر پائال ئالغا سىلجىتىلدى. 2016 - يىلدىن بۇ يىل 10 - ئايغىچە، قۇرۇقلۇق پورتى رايونىدا رويخەتكە ئېلىنغان كارخانا جەمئىي 140 بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 4056 قېتىم جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتناندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون ھەمكارلىق مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، «جۇڭگو - موڭغۇلىيە - رۇسىيە ئىقتىساد كارىدورى»، «يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئىقتىساد كارىدورى» قاتارلىق ئالتە چوڭ ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، «ئىككى بەلباغ، ئۈچ رايون» ھەم شىنجاڭنىڭ كەسىپ تەرەققىياتىنى چۆرىدەپ، دەل جايىدا سودىگەر چاقىردى، «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، كىرگۈزۈلۈپ نەقلەشتۈرۈلگەن مەبلەغنىڭ 2 تىرىليون 100 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، «12 - بەش يىل» مەزگىلىدىكىدىن 26% ئېشىشى مۆلچەرلەندى. سۇپا ۋاستىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى، جۇڭگو - قازاقىستان قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزى (جۇڭگو تەرەپ رايونى)غا 35 نۇقتىلىق تۈر ماكانلاشتى ھەم پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى «چېگرا ئىچىدىكى تاموژنا مەخسۇس رايونى» چېگرا سىرتىدىكى خەلق پۇلى پۇل مۇئامىلە كەسپىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش رايونى بولۇپ قالدى.

### «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان كۆڭۈل قويۇپ تۈزۈلۈۋاتىدۇ

شىنجاڭ شەرقىي، ئوتتۇرا قىسمىدىكى كەسىپلەرنىڭ يۆتكىلىشىنى قوبۇل قىلىپ «دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىش»نى شەكىللەندۈرىدىغان كەڭ مەركىزىي رايون، شۇنداقلا «بىر بەلباغ، بىر يول» ئارقىلىق ئەتراپتىكى دۆلەتلەر، ھەتتا ياۋروپاغا يۈزلىنىپ «قوش ئايلىنىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئالدىنقى سۇپا بولۇپ، سودا تەرەققىياتىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئىنتايىن مۇھىم.

ئىگىلىنىشچە، ئاپتونوم رايونلۇق «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايوننىڭ «14 - بەش يىل»لىق سودا تەرەققىيات يىرىك پىلانى»نى تۈزۈش خىزمىتى مۇقىم، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىۋېتىپتۇ.

رۇڭ جۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاپتونوم رايوندىكى سودا تارماقلىرى ئالدىنقى مەزگىلدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، پىكىر ئېلىش قاتارلىق نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى، كېيىنكى قەدەمدە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا ئەستايىدىل توغرىلىنىپ، ئۇنى ئاپتونوم رايوننىڭ «14 - بەش يىل»لىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى يىرىك پىلان پروگراممىسى، دۆلەتنىڭ «14 - بەش يىل»لىق سودا تەرەققىيات يىرىك پىلانى بىلەن تولۇق جىپسىلاشتۇرۇپ، يەنىمۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ياخشى قىلىپ، تۈزۈش خىزمىتىنى قەرەلىدە تاماملايدۇ.

رۇڭ جۈن مۇنداق بىلدۈردى: «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سودا سىستېمىسىدىكىلەر پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كىرگۈزۈپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋاستىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتلىمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىدىكى رايونلارنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى سىجىل بەرپا قىلىدۇ.

### سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلىدۇ

پات ئارىدا باشلىنىدىغان «14 - بەش يىل» يېڭى مۇساپىسىگە قارىتا رۇڭ جۈن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاپتونوم رايوندىكى سودا تارماقلىرى كۆپ تەرەپلىك، ئىككى تەرەپلىك رايون ھەمكارلىق مېخانىزمىنى ئەمەلىي ئىشلەپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتلىمىنى ئۆستۈرىدۇ؛ رايون ۋە چېگرا بويىدىكى رايونلارنى ئېچىۋېتىش ۋاستىسىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكى بەرپا قىلىدۇ؛ تاشقى سودا سېلىنما كۆلىمىنى زورايتىپ، ئوچۇق ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش خىزمىتىگە پۇختا تۈرتكە بولۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرىدۇ.

«ئاپتونوم رايوندىكى سودا تارماقلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق خىزمىتى گۇرۇپپىسى مېخانىزمى (شۆبە كومىتېتى)نىڭ رولىغا تايىنىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانى، نۇقتىلىق تۈرلەر ھەمدە ئۇل ئەسلىھە، داۋالاش، ساياھەت، سودا قاتارلىق جەھەتلەردىكى سىياسەتلەرنى تونۇشتۇرىدۇ؛ بەرلىكتىكى رايونلارنىڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق مېخانىزمىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش ھەمكارلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ سودا يولى ئاچىدۇ» دېدى رۇڭ جۈن.

رايون ۋە چېگرا بويىدىكى رايونلارنى ئېچىۋېتىش ۋاستىسىنى كۈچەيتىش جەھەتتە، ئاپتونوم رايوندىكى سودا تارماقلىرى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستى بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، جۇڭگو - قازاقىستان قورغاس خەلقئارا چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مەركىزى شىنجاڭ بىلەن ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىنى 2 - دەرىجىلىك ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تېزدىن ئورنىتىشنى قولغا كەلتۈرىدۇ؛ سودا مىنىستىرلىقى قاتارلىق دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرى بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جۇڭگو (شىنجاڭ) ئەركىن سودا سىناق رايونىغا ئىلتىماس قىلىشىنى ئىز قوغلاپ ئالغا سىلجىتىدۇ؛ جۇڭگو — ئاسىيا - ياۋروپا كۆرگەزمىسىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن ماسلىشىپ، رايون ئىچىدىكى كارخانىلارنى «بىر بەلباغ، بىر يول» بويىدىكى دۆلەتلەر ئۆتكۈزگەن تۈرلۈك كۆرگەزمىلەرگە قاتنىشىشقا پائال تەشكىللەيدۇ؛ چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودىسى تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، چېگرا پورت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىدۇ.

«تاشقى سودىغا مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئوچۇق ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە، تاشقى سودىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىمپورتنى پائال كېڭەيتىپ، ئېكسپورتنى مۇقىملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سودىنى قولايلاشتۇرۇشقا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، تاشقى سودا يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىسىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتىكى قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، تاشقى سودا قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى رۇڭ جۈن.

تاشقى مەبلەغدىن مۇقىم پايدىلىنىش جەھەتتە، رۇڭ جۈن مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: نۇقتىلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، نۇقتىلىق باغچە رايونلىرىنىڭ تىرىشىپ يېڭى تۈرلەرنى ئىمزالاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك؛ مۇھىم، زور تۈرلەر، نۇقتىلىق كارخانىلارغا ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىش مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ ھەرقايسى جايلارنىڭ تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىش كېرەك؛ جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت يەرمەنكىسى، E مەبلەغ سېلىش تورى قاتارلىق سۇپىلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، تۈرلەرگە سودىگەر چاقىرىپ، چەت ئەل مەبلىغى تۈر زاپىسىنى كېڭەيتىش كېرەك؛ رىغبەتلەندۈرۈش تۈردىكى تۈرلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرى ۋە تىجارەت - سودا مۇھىتى ئۆستۈرۈلىدىغان دۆلەت دەرىجىلىك باغچە رايونلىرىنى سىياسەت جەھەتتىن قوللاش كېرەك.